# باتۇرلۇق بىلەن يۇقىرى پەللىگە ئۆرلىگەن «دورا» دوكتورى

## —— شىنجاڭ تېببىي داشۆسى دورىگەرلىك شۆيۈەنىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور يېتەكچىسى گاۋ شياۋلى توغرىسىدا

يېنىمىزدىكى ئۈلگىلەر

□ ئۆز مۇخبىرىمىز بى شياۋمىن

ئۇ شىنجاڭدىكى تۇنجى دورىگەرلىك ئىلمى دوكتورى ۋە شىنجاڭ دورىگەرلىك ئىلمىنىڭ باشلامچىسى، ئۇ شىنجاڭنىڭ دورا تەتقىقات سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى دەپ بىلدى، ئۇ رىياسەتچىلىك قىلغان پەن - تېخنىكا تەتقىقاتى ۋە پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇش چەت ئەل كارخانىلىرى 70 نەچچە يىل مونوپول قىلىپ كەلگەن ۋەزىيەتنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئۇ بولسىمۇ شىنجاڭ تېببىي داشۆسى دورىگەرلىك شۆيۈەنىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور يېتەكچىسى گاۋ شياۋلى.

2000 - يىلى، شىنجاڭ تېبابەت دورىگەرلىك پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، گاۋ شياۋلى دورا تەتقىق قىلىپ ئېچىش تېمىسىنى ئۈستىگە ئېلىشنى باشلاپ، ئالىي مەكتەپ دەرسخانىسىدىن چارۋىچىلارنىڭ ئات ئېغىلىغا كىرىپ، قەتئىي تەۋرەنمەس، باتۇرلۇق بىلەن يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەشتەك ئىرادە بىلەن، قەتئىي بوشاشماي، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەت قىلىش قىزغىنلىقى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇتۇش، تەتقىقاتنى بىرلەشتۈرۈش يولىنى تېپىپ چىقتى.

2009 - يىلى بىرىككەن ئانىلىق ھورمۇن يۈرۈشلۈكىدىكى بەش دورا دۆلەت ئىچىدە بازارغا سېلىنىپ، 25 دۆلەت ۋە رايونغا ئېكسپورت قىلىنىپ، كۆنەس ناھىيەسىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى 70 مىليون يۈەن ئاشۇردى.

■ ئۆزلۈكسىز يۇقىرىغا ئۆرلەش تېخنىكا تەتقىق قىلىپ ئېچىشتا بۆسۈش ھاسىل قىلىش

بوغاز بايتالنىڭ بىرىككەن ئانىلىق ھورمۇنى بىلەن ئادەم بەدىنىدىكى ئانىلىق ھورمۇن ئەڭ ئوخشىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، خىمىيەلىك بىرىكتۈرۈلگەن ئانىلىق ھورمۇن تەڭدىشى يوق خام ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭدا ئات بايلىقىنىڭ مول بولۇشى گاۋ شياۋلىنى ئىشەنچكە تولدۇردى.

2003 - يىلى قىشتا، گاۋ شياۋلى تەتقىقات كوللېكتىپىنى باشلاپ كۆنەس ناھىيەسىدە ئارىلىق سىناق تەتقىقاتىنى قانات يايدۇردى، ئۆرنەك قىلغۇدەك كۆپ تەجرىبە بولمىغاچقا، دۇچ كەلگەن تېخنىكىلىق قىيىن مەسىلىلەر كەينى - كەينىدىن كۆرۈلدى.

گاۋ شياۋلى مۇنداق دېدى: «بىز شىنجاڭ دورا تەتقىقات ئورنى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ فىزىكا - خىمىيە تېخنىكا تەتقىقات ئورنى، يەنە دۆلەت ئىچىدىكى نۇرغۇن پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن بىللە پەن تەتقىقات ئۆتكىلىگە ئورتاق ھۇجۇم قىلدۇق».

دۆلەت سىرتىدىكى بىرىككەن ئانىلىق ھورمۇن دورىلىرىنىڭ دورىشۇناسلىقتىكى تەڭ ئۈنۈملۈكلۈكى ۋە بىيولوگىيەلىك تەڭ ئۈنۈملۈكلۈكىگە يېتىش ئۈچۈن، گاۋ شياۋلى تەتقىقات ئۆمىكى بىلەن 100دىن ئارتۇق رېتسېپنى تاللاش تەجرىبىسى ئارقىلىق ئاندىن تەلەپكە يەتتى.

«ئۆتكەل قانچە قىيىن بولسا، مېنى ھۇجۇم قىلىشقا شۇنچە ئىلھاملاندۇرىدۇ. رىقابەت قانچە كۈچلۈك بولسا، مەن شۇنچە قىزىقىمەن». گاۋ شياۋلى پەن ھالقىغان كىتابلارنى ئوقۇپ، چارۋىچىلىق بىلىملىرى، ئاياللار كېسەللىكى بىلىملىرى، ئىچكى ئاجراتما بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، تۈرلۈك قىيىن مەسىلىلەرنى باسقۇچقا بۆلۈپ بىر - بىرلەپ ھەل قىلدى.

دەل مۇشۇنداق يېڭىلىققا تەنبەرمەيدىغان، قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان پەن تەتقىقات روھى بولغاچقا، بىرىككەن ئانىلىق ھورمۇن دورىلىرىنى تېخنىكىلىق تەتقىق قىلىپ ئېچىشتا تۈرلۈك مۇھىم، زور بۆسۈشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 2004 - يىلى، بېيجىڭ شيېخې دوختۇرخانىسىنىڭ باشلامچىلىقىدا، بىرىككەن ئانىلىق ھورمۇن دۆلىتىمىزنىڭ ئون شەھىرىدىكى 19 دوختۇرخانىدا كلىنىكىلىق كۆزىتىلىپ، ئۇنىڭ چەت ئەلنىڭ ئەسلى تەتقىقاتىدىكى بىرىككەن ئانىلىق ھورمۇننىڭ داۋالاش ئۈنۈمى بىلەن تەڭ ئۈنۈملۈكلۈكى ئىسپاتلاندى.

«شۇ قىشلىق تەتىلدە، مەن 20 كۈندە ئون شەھەرگە باردىم، ئىچ - ئىچىمدىن ھەم تەشۋىشلىنەتتىم، ھەم خۇشال بولاتتىم، دائىم كېچىسى ئۇخلىيالمايتتىم» دېدى گاۋ شياۋلى.

ئەڭ ئاخىرىدا، دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن بىرىككەن ئانىلىق ھورمۇننىڭ داۋالاش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ئەسلىدىكى دۆلەت يېمەكلىك، دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تەستىقى بىلەن ئىشلەپچىقىرىلىپ بازارغا سېلىنىپ، دۆلەت ئىچىدە كلىنىكىدا كەڭ قوللىنىلدى، كېيىن يەنە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ياۋروپا ئىتتىپاقى، جەنۇبىي ئامېرىكا، ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق رايونلاردىكى 20گە يېقىن دۆلەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سۈپەت سىستېمىسى ئېتىراپنامىسىگە ئېرىشتى.

■ تاشلاندۇقنى گۆھەرگە ئايلاندۇرۇش چارۋىچىلارغا ئىلىم - پەننىڭ كۈچىنى ھېس قىلدۇرۇش

بىرىككەن ئانىلىق ھورمۇن خام ماتېرىيال دورىسىنىڭ سۈپىتىنى كونترول قىلىشتا، ئاتنى ئىلمىي بېقىش ئىنتايىن مۇھىم.

گاۋ شياۋلى پەن تەتقىقات ئەترىتى بىلەن بىللە چارۋىچىلىق رايونلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، چارۋىچىلارنى تەربىيەلەپ، بوغاز بايتاللارنى بېقىش ۋە يىغىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتتى. لاياقەتلىك بوغاز بايتال سۈيدۈكىنىڭ ھەر كىلوگرامى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بەش يۈەندىن سېتىۋېلىنىدىغان بولۇپ، كالا سۈتىدىنمۇ قىممەت، نۇرغۇن چارۋىچىلار بوغاز بايتال بېقىش ئارقىلىق بېيىش يولىغا ماڭدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ يەنە شۇ جاينىڭ ئاتچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

گاۋ شياۋلى مۇخبىرغا مۇنداق بىر ھېساباتنى قىلىپ بەردى: بىر بوغاز بايتالنى باققاندا، بىر تۇغۇت پەسلىدىكى بوغاز بايتال سۈيدۈكىنى 2000 يۈەنگە ساتقىلى بولىدۇ، چارۋىچىلار ئادەتتە ئوندىن ئارتۇق بايتالنى باققاندا، پەقەت بوغاز بايتال سۈيدۈكىدىن ئىبارەت بۇ بىر تۈردىنلا ھەر يىلى 20 مىڭ يۈەن تاپالايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىمىز، ئات گۆشى، تاي قاتارلىقلاردىن بىر باقمىچى ئائىلىسىنىڭ يىللىق كىرىمى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ.

■ غايىگە سادىق بولۇش پەن - تېخنىكا نۇرى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىنى يورۇتۇش

ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغىنىغا 35 يىلدىن بۇيان ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر سائەتلىك دەرسىنىمۇ قالدۇرۇپ قويمىدى، ھەم پەن تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى، گاۋ شياۋلى تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ۋاقىت چىقىرىپ، باشتىن - ئاخىر دەرس مۇنبىرىدە چىڭ تۇردى.

گاۋ شياۋلى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ھەر خىل قاتلامدىكى، ئوخشاش بولمىغان كەسىپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا دورىشۇناسلىقتىن دەرس سۆزلىدى. كۆپ يىل تىرىشىش ئارقىلىق، ئۇ مەسئۇل بولغان دورىگەرلىك ئىلمى تەرەققىي قىلىپ ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق پەنگە ئايلاندى، ئۇ بىر يۇقىرى ساپالىق ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى يېتىلدۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي دورا، سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىختىساسلىقلار تىرىكى بىلەن تەمىنلىدى.

گاۋ شياۋلى دەرسخانا ئوقۇتۇشى بىلەن پەن تەتقىقاتنى، ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى بىلەن ئوقۇتۇشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئوچۇق شەكىللىك ئوقۇتۇشنى تەشكىللىدى. ئۇ دائىم دەرس ئۆتۈش جەريانىدا دورىگەرلىك پەن تەتقىقات تەپەككۇرى بىلەن ئۇسۇلىنى تونۇشتۇردى. پەن تەتقىقات تەجرىبىخانىسىدا كۆزىدىن كەچۈرۈپ ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارغا ئالدىنقى قاتاردىكى تەتقىقاتنى ئىگىلىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزىقىشىنى كۈچەيتتى. دورىگەرلىك ئىلمىنىڭ ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقى كۈچلۈك بولۇش ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۇ باشلامچىلىق بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق دورا ياسالمىلىرى قۇرۇلۇشى تېخنىكا مەركىزىنى قۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشنىڭ بىر مەشغۇلات سۇپىسىنى قۇرۇپ بەردى. بۇ خىل دورا ياسالمىلىرى ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى چۆرىدىگەن ئوچۇق شەكىلدىكى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، ياخشى ئوقۇتۇش نەتىجە - ئۈنۈمى قولغا كەلتۈرۈلدى.

گاۋ شياۋلى مۇنداق دېدى: «ئوقۇتۇش توختاپ قالمايدۇ، يېڭىلىق يارىتىشمۇ توختاپ قالمايدۇ. ئوقۇتقۇچىلاردا پەقەت كۆپرەك يىراقنى كۆرەرلىك، كۆپرەك مەسئۇلىيەت بولسىلا، ئوقۇتۇش بىلەن پەن تەتقىقاتتا بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ياخشى ئايلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بارلىق مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە پەن تەتقىقاتنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇغۇچىلارغا ھەربىر سائەتلىك دەرسنى ياخشى ئۆتۈشتە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك».

گاۋ شياۋلى دورىگەرلىك ئىلمى كەسپىدە ئىزچىل جان تىكىپ ئىشلەپ، ئاجايىپ نەتىجىلەرنى يارىتىشقا تىرىشىش جەريانىدا، ئۆزىنىڭ پارتىيەگە كىرگەندە بەرگەن قەسىمى ۋە ئەسلى مەقسىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، بىر پارتىيە ئەزاسىنىڭ خىسلىتىنى نامايان قىلىپ، پارتىيە بايرىقىغا شەرەپ كەلتۈردى، پارتىيە ئىشلىرىنىڭ شەرىپىنى ئاشۇردى.

# مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى شىنجاڭغا كېلىپ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھاسىلىي ئېنېرگىيە قانۇنى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى

(بېشى 1 - بەتتە)

يېشىل - تۆۋەن كاربونلۇق تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئېنېرگىيە تەرەققىياتى ئىستراتېگىيەسى ۋە ھاسىلىي ئېنېرگىيەنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھاسىلىي ئېنېرگىيە قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئۈنۈملۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھاسىلىي ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى تېزلىتىش كېرەك.

شېن يۆيۆ شىنجاڭنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھاسىلىي ئېنېرگىيە قانۇنى»نى يولغا قويۇشنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا ئىشلىگەن خىزمەتلىرى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شىنجاڭ دۆلىتىمىزنىڭ شامال ئېنېرگىيەسى، قۇياش ئېنېرگىيەسى ئەڭ مول رايونلىرىنىڭ بىرى، دۆلەتنىڭ مۇھىم ئۇنىۋېرسال ئېنېرگىيە بازىسى بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھاسىلىي ئېنېرگىيە قانۇنى»نى يولغا قويۇشنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ھاسىلىي ئېنېرگىيە تەرەققىياتىدا پائال نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. نۆۋەتتە، قانۇننى يولغا قويۇش جەريانىدا يەنە بەزى مەسىلىلەر ساقلانماقتا، بۇ قېتىمقى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئەھۋال ۋە مەسىلىلەرنى توغرا تېپىپ چىڭ تۇتۇپ، سەۋەبىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، ھاسىلىي ئېنېرگىيە كەسپىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

شىنجاڭدىكى مەزگىلدە، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا بېرىپ، نەق مەيداندا تەكشۈردى ھەم ئالاقىدار تەرەپلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ، پىكىر - تەكلىپلەرنى ئاڭلىدى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن گاۋ خۇچېڭ، شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، دوۋ شۇخۇا، جياۋ يۇڭ، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، گۈلشات ئابدۇقادىر، ۋاڭ مىڭشەن، مەڭلىك سېيىت، ياۋ شىنمىن قاتارلىقلار يۇقىرىقى پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

# ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى «ئەڭ گۈزەل ئىشچى - خىزمەتچى»لەر تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى

مۇخبىرىمىز **مېھرىگۈل ناسىر** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى جەمئىيەتكە 2019 - يىللىق شىنجاڭدىكى «ئەڭ گۈزەل ئىشچى - خىزمەتچى»لەر تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى، ئۇلار نېفىتلىك، داۋالاش، باج ئىشلىرى، بىناكارلىق، مەدەنىيەت - ساياھەت، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى، مائارىپ قاتارلىق ساھەلەردىن كەلگەن 12 ئىلغار ۋەكىل.

«ئەڭ گۈزەل ئىشچى - خىزمەتچى»لەر پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، دەسلەپكى تەكشۈرۈش، توردا بېلەت تاشلاش قاتارلىق ھالقىلاردىن ئۆتكەن، 2019 - يىللىق مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەكچىلەر مېدالىغا، شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش مېدالىغا ئېرىشكۈچىلەر ئارىسىدىن سايلىنىپ چىقىلغان مۇنەۋۋەر ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتىپ رېلىبلىق قوغداش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىغا 20 نەچچە يىل بولغان خۇاڭ شىنمىن، قاقاس تاغنى كۆكەرتىش ئىشلىرىغا ئاتالغىنىغا 30 نەچچە يىل بولغان خۇا يۈن، ھەر مىللەت ئاممىسىغا چىن كۆڭلىدىن مۇلازىمەت قىلىپ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان لياۋنىڭلىق كادىر سۈي ياۋيۈن قاتارلىقلار بار. ئۇلار ھەم ئۆز كەسپىدىكى، ئۆز ساھەسىدىكى ئىلغار نەمۇنىچىلار، شۇنداقلا ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ يۈكسەك باھاسىغا ۋە تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشكەنلەر.

كېيىنكى قەدەمدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى «ئەڭ گۈزەل ئىشچى - خىزمەتچى»لەرنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئۇلاردىن ئۆگىنىشكە تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھى، ئەمگەك قىلىش روھى، ھۈنەرۋەن روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك قىلىش شەرەپلىك، دەيدىغان ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ۋە تېخىمۇ مۇكەممەل قىلىشقا ئىنتىلىدىغان خىزمەت ئىستىلىنى يارىتىدۇ.

# «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ھەم كىشىلىك ھوقۇق كاپالىتى» خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى جياڭ جيەنگو ئېچىلىش مۇراسىمىدىكى سۆزىدە مۇنداق كۆرسەتتى: 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن بۇيان، تېررورىزم، ئەسەبىيزمنىڭ پۈتۈن يەر شارىدا يامرىشى كۈچىيىپ، ئىنسانلار جەمئىيىتىگە ئېغىر، زور ئاپەت ئېلىپ كەلدى. تولۇق بولمىغان ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 2018 - يىلى پۈتۈن يەر شارىدا 1127 قېتىم تېررورلۇق ھۇجۇمى دېلوسى (ۋەقەسى) يۈز بېرىپ، 13 مىڭدىن كۆپرەك كىشىنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، زىيانغا ئۇچرىغان مال - مۈلۈك مۆلچەرلىگۈسىز. دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتكە ئوخشاش جۇڭگو تېررورىزم، ئەسەبىيزمنىڭ ئېغىر زىيىنىغا ئۇچرىدى. تېررورىزم، ئەسەبىيزمدىن ئىبارەت بۇ دۇنياۋى ئورتاق خەۋپنى يوقىتىپ، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكىنى قوغداپ، خەلقنى تىنچ، ئىناق جەمئىيەت مۇھىتىدا ياشايدىغان قىلىش دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر مەسئۇلىيەتچان ھۆكۈمەت جەزمەن يۈزلىنىدىغان ۋە ھەل قىلىدىغان مۇھىم، زور مەسىلە.

جياڭ جيەنگو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى ئىنسانىيەت ھەققانىيلىقىنىڭ رەزىللىك بىلەن، مەدەنىيلىكنىڭ ياۋۇزلۇق بىلەن كۈچ سىنىشىشى، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى. خەلقئارا جەمئىيەت ئورتاق ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، قىممەت قارىشى، تەپەككۇر شەكلى ۋە سىياسىي تۈزۈمنىڭ توسۇقىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، بايرىقى روشەن ھالدا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىكى «قوش ئۆلچەم»گە قارشى تۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تېررورىزم، ئەسەبىيزمگە قارشى تۇرىدىغان ئورتاق تونۇش ۋە بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈشى كېرەك؛ شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسى» ۋە باشقا خەلقئارا قانۇنلارنىڭ پىرىنسىپى، مىزانىغا ئەمەل قىلىش ئاساسىدا، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش يولىنى ئۆز ئالدىغا تاللاش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۆز ئىرادىسىنى باشقىلارغا تېڭىشقا قارشى تۇرۇش كېرەك؛ كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئالاقىدار خىزمەتلەرنىڭ قانۇنچىللىق يولىدا ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە مىللىي ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، رايون، مىللەت، دىن قاتارلىقلارنى باھانە قىلىدىغان ھەرقانداق كەمسىتىش خاراكتېرلىك ئۇسۇلنى مەنئى قىلىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش سەۋەبلىك پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقىنى چەكلەيدىغان ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش كېرەك؛ ئىتتىپاقلىق - ھەمكارلىقتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن بىللە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ۋە پىرىنسىپىنى يادرو قىلغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ھەم كىشىلىك ھوقۇق كاپالىتى سىستېمىسىنى قوغداپ، قول تۇتۇشۇپ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق بەرپا قىلىشنى خالايدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر سۆزىدە مۇنۇلارنى تونۇشتۇردى: 1990 - يىلدىن 2016 - يىلغىچە، شىنجاڭدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى (ۋەقەسى) يۈز بېرىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئامما زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، نەچچە يۈز جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىسى خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولدى، شىنجاڭنىڭ تىنچ، ئىناق جەمئىيەت تەرتىپى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. شىنجاڭ ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، زەربە بېرىش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى كۈچەپ يوقاتتى. شىنجاڭ قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىش ئارقىلىق، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپلىق قىلىش قىلمىشى ياكى جىنايى قىلمىشى بار كىشىلەرنى تەربىيەلەپ قۇتقۇزۇۋېلىپ، ئۇلارنى تېررورىزم، ئەسەبىيزمنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىشتىن ساقلاپ قالدى، تىرىشىپ تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى يۈز بېرىشتىن بۇرۇن يوقىتىپ، ئەسەبىيزمنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش تۇپرىقىنى ئۈنۈملۈك يوقىتىپ، ھەقىقىي تۈردە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىي قىلىش ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇپلا قالماي يەنە رايون بىخەتەرلىكىگە كۈچلۈك كاپالەتلىك قىلدى. بۇ ئۇسۇل جۇڭگونىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇنلىرىنىڭ روھىغا تامامەن ئۇيغۇن، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش پىرىنسىپىغا ئۇيغۇن، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق مەسلىھەتچىلىكى كومىتېتىنىڭ مۇتەخەسسىسى ئابدۇلئەزىز ئاساد سۆزىدە مۇنداق دېدى: تېررورىزم ھازىرقى خەلقئارا جەمئىيەتتىكى ئەڭ ئېغىر جىنايەتلەرنىڭ بىرى، بولۇپمۇ نۇرغۇن دېلولار ئىچىدە، پۇقرالار تېررورىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئەڭ زور دەرىجىدە ئۇچرىدى، كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان تۈرلۈك قىلمىشلارغا دۇچ كەلدى. پۈتۈن يەر شارىدىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ تىنچ مۇھىتقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلار ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشى، ئوخشاش بولمىغان ئېتىقاد، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيلىك ئارىسىدىكى سۆزلىشىشكە ئىلھام بېرىشى، قانۇن بويىچە تېررورلۇق قىلمىشلىرىنى مەنئى قىلىشى كېرەك.

سېربىيە ھازىرقى زامان تارىخ تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، سېربىيە سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى پرېدراگ ماركوۋىچ مۇنداق دېدى: بەزى غەرب دۆلەتلىرى جاھانگىرلىك ياكى يېڭى مۇستەملىكىچىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دائىم كىشىلىك ھوقۇق ئۇقۇمىنى قورال قىلىدۇ. ھەر قېتىم كىشىلىك ھوقۇق ئۇقۇمى ئۇلارنىڭ بەزى مەنپەئىتى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغاندا، ئۇلار كۆپىنچە ھاللاردا كىشىلىك ھوقۇققا دائىم دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان بىر تەرەپكە ئايلىنىدۇ. كىشىلىك ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىش كۆرىشىدە، ھەرقايسى دۆلەتلەر باراۋەر سەپداشلارغا ئوخشاش بىر - بىرىنى قوللىشى كېرەك.

يىغىنغا قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار مۇنداق قارىدى: تېررورىزم ۋە ئەسەبىيزمنىڭ تەھدىتى يەر شارىۋى مەسىلىگە ئايلىنىۋاتىدۇ. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز دۆلىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى ۋە ئالاقىدار جىنايى ئىشلار قانۇنىغا ئۆزلۈكسىز تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، تېررورچىلارنى جازالاش سالمىقىنى ئاشۇردى ھەم تېررورلۇققا قارشى تۇرىدىغان مۇناسىپ تەدبىرلەرنى قوللاندى، ھەرقانداق كىشى كىشىلىك ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇش بىلەن بىللە، جەزمەن دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىشى شەرت. دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسى» ۋە بىر قاتار خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئەھدىنامىسى قاتارلىقلار ئاساسىدا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ھەم كىشىلىك ھوقۇق كاپالىتى جەھەتتىكى سۆزلىشىش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشى، ئۆز دۆلىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىنى باشقا دۆلەتلەرگە مەجبۇرىي تاڭماسلىقى كېرەك.

9 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە، جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار ئۈرۈمچى شەھىرى، قەشقەر ۋىلايىتىدە نەق مەيداندا شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو مىساللىرى كۆرگەزمىسى، شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆيۈەنى، قەشقەر شەھەرلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى، قەشقەر كونا شەھىرى ھەمدە ھېيتگاھ مەسچىتى قاتارلىقلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، تەكشۈرۈپ، شۇ جايلارنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوغداش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە قوللانغان تەدبىرلىرى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى چوڭقۇر ئىگىلىدى.

ئافغانىستان ھەج ۋە دىن ئىشلىرى مىنىستىرلىقى مىنىستىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى، ئافغانىستان ئىسلام ئىنقىلابىي ھەرىكىتى پارتىيەسى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ئابدۇلۋاشىد ۋاشىد مۇنداق دېدى: «جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش جەھەتتە سالغان غايەت زور مەبلىغى، قوللانغان تۈرلۈك تەدبىرلىرى ھەمدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە - ئۈنۈمى تەرىپلەشكە تېگىشلىك. جۇڭگو ھۆكۈمىتى پائال تەدبىر قوللىنىپ، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قانۇن بويىچە قوغدىدى».

فرانسىيە ستراسبۇرگ داشۆسىنىڭ پروفېسسورى، سابىق مەكتەپ مۇدىرى كىرىستىئان مېست مۇنداق بىلدۈردى: «بۇ قېتىم جۇڭگو شىنجاڭدا ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولغاندا، مەن شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش جەھەتتە ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللانغانلىقىنى كۆردۈم، بۇ تەدبىرلەر شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بوپتۇ. بۇ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تېررورىزمغا ۋە دىنىي ئەسەبىيزمگە زەربە بېرىشنى بىر ئۈلگە بىلەن تەمىنلىدى، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ قوللىنىشىغا ئەرزىشى كېرەك».